□ پومپېيونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

# يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر شىنجاڭنىڭ مۇقىم، تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى يوشۇرالمايدۇ

□ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەرشىدىن شەمشىدىن

پومپېيو پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالغا تۆھمەت قىلىدىغان، شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا قەستەن قارا چاپلايدىغان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سەپسەتىلەرنى ھەدەپ ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلدى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى. ئۇنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسى ۋە يامان غەرىزى تولۇق ئاشكارىلاندى، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىمەن، قەتئىي قارشى تۇرىمەن. پومپېيو قانداق يالغان سۆزلىشىدىن قەتئىينەزەر، شىنجاڭنىڭ مۇقىم، تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى مەڭگۈ يوشۇرالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شىنجاڭنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىگە، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىغا، پەقەت بۇ يەردە ياشاۋاتقان ھەر مىللەت ئاممىسىلا ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بار.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئۆزگىرىش ئىنتايىن زور بولدى، مەيلى يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى، قاتناش قوراللىرى، كەنت قىياپىتى بولسۇن، ياكى كەنتنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى بولسۇن، ھەممىسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى بارغانسېرى ياخشىلاندى، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بارغانسېرى بېيىدى. تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى چىقىرىلىپ، ھەر مىللەت ئامما ياشانغاندا كۈتۈنۈش، داۋالىنىش، مائارىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ ياخشى كاپالەتكە ئىگە بولدى. ماھارەت تەربىيەسى ئارقىلىق، كۆپچىلىك رازى بولغۇدەك خىزمەت تېپىپ، مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولدى، تۇرمۇش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بولمىسا، شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكىدەك گۈللىنىشى، تەرەققىياتى بولمايتتى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى بولمايتتى.

ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشىلايدىغان بۇ تەدبىرلەرگە پومپېيو تەپ تارتماي كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق دەپ بوھتان چاپلىدى. شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد گۈللەنگەن، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيىتى مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ، پومپېيو قانداق يالغان سۆزلەشتىن قەتئىينەزەر، شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم ئىلگىرىلىگەندەك پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ.

# شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىش خام خىيالىدا بولغان ھەرقانداق سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ

□ خوتەن ۋىلايەتلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى گۈلنىساخان ئىمىن

پومپېيو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا قەستەن قارا چاپلىدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق، ئۇنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن قەبىھ، غەرىزى ئىنتايىن رەزىل، تۈپ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش. بۇنى مەن قاتتىق ئەيىبلەيمەن ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

مۇشۇ يىللاردا، مەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت، مائارىپ، قاتناش قاتارلىق جەھەتلەردە يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىگە ئۆز كۆزۈم بىلەن گۇۋاھ بولدۇم. خوتەن ۋىلايىتى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى بۆسۈش ئېغىزى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ يېتەكلىدى، زور بىر تۈركۈم دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۆيىدىن چىقىپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق بېيىپ، «مېنى سىرتقا چىقاردى»دىن «مەن سىرتقا چىقىمەن»نى ئىشقا ئاشۇردى، «بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا، پۈتۈن ئائىلە بېيىش» ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى.

ھازىر، بىزنىڭ مېڭىۋاتقىنىمىز كەڭ، تۈپتۈز كەتكەن ئاسفالت يول، تۇرۇۋاتقىنىمىز بىخەتەر، ئازادە ئەمىن ئۆي، ئىچىۋاتقىنىمىز سۈزۈك، تاتلىق تۇرۇبا سۈيى، ئىشلىتىۋاتقىنىمىز پاكىز، قولايلىق تەبىئىي گاز، ھەيدەۋاتقىنىمىز تېز، ئازادە پىكاپ، تېرىۋاتقىنىمىز دۆلەت ياردەم تولۇقلىمىسى بەرگەن بېيىش ئېتىزى، ئوقۇۋاتقىنىمىز ھەقسىز مەكتەپ، ھەر يىلى يەنە بىر قېتىم ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈشى بار. 60 ياشتىن ئاشقان شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى دۆلەتنىڭ ياشانغانلار كۈتۈنۈش پۇلى سىياستىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ؛ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بارلار ئاساسىي ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىياستىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

مەن پومپېيودىن شۇنى سوراپ باقاي، سەن شىنجاڭغا كېلىپ باققانمۇ؟ خوتەن ۋىلايىتىدە جەمئىيەت مۇقىم، خەلقنىڭ تۇرمۇشى سىجىل ياخشىلىنىۋاتىدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ روھىي قىياپىتى يېپيېڭى تۈسكە كىردى، كەڭ ئاممىنىڭ قىلىدىغان ئىشى بار بولدى، پۇل تاپالايدىغان بولدى، قەلبى ئۈمىدكە تولدى، بۇ، سەن دەۋاتقان مەجبۇرىي ئەمگەككە سىغامدۇ؟

مەن پومپېيونى رەسمىي يوسۇندا شۇنداق ئاگاھلاندۇرىمەنكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدۇ، كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق باھانىلەردىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا كاشىلا قىلىش ۋە توسقۇنلۇق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان بارلىق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ھەممىسى مۇقەررەر مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

# ھەرقانداق تۆھمەت شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ

□ چەرچەن ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئەبەي ساۋۇر

پومپېيو ئېلان قىلغان شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەر پۈتۈنلەي تۇتۇرۇقسىز گەپ بولۇپ، ئەخلاق ـ ھەققانىيلىق ۋە ئاساسىي ۋىجدانغا قىلىنغان ئاسىيلىق ۋە خىرىس.

ئۆزۈمنىڭ كىشىلىك ھايات كەچۈرمىشىم ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمنى ئەسلىسەم، ھەممىسى پارتىيەنىڭ يېتىشتۈرۈشى ۋە تەربىيەسىدىن ئايرىلالمايدۇ. كىچىكىمدىن تارتىپ چوڭ بولغۇچە، مەن ھەر ۋاقىت ئازادە، ئادىل بولغان جەمئىيەت مۇھىتىنى ھېس قىلدىم، مەيلى قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر پۇرسەتتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى، ھەممە ئادەمنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئەستايىدىل خىزمەت قىلىش ئارقىلىق، مەن ئەجرىمگە لايىق جاۋابقا ئېرىشتىم، نەتىجەم ئېتىراپ قىلىندى، ھازىر مەن ئىنتايىن بەختلىك ياشاۋاتىمەن. چەرچەندىكى ھەر مىللەت ئامما ئىتتىپاق ـ ئىناق، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتىدۇ، مېنىڭ ھەر مىللەتتىن بولغان ساۋاقداشلىرىم، خىزمەتداشلىرىم، قوشنىلىرىم ۋە دوستلىرىم بار، بىز ئورتاق ئۆگىنىپ، ئورتاق ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئورتاق خىزمەت قىلىپ، ئورتاق ياشايمىز، چەرچەنگە سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى چەرچەن خەلقىنى قىزغىن، مېھماندوست، سەممىي، ئاق كۆڭۈل دېيىشىدۇ.

پومپېيو قانداق يالغان سۆزلىشىدىن قەتئىينەزەر، شىنجاڭنىڭ مۇقىم ئىلگىرىلىكى، تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى مەڭگۈ يوشۇرالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت بالىلارنىڭ ۋەتەننىڭ ئىللىق قوينىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرالمايدۇ. چەرچەن ناھىيەسى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈشكە پۈختا قەدەممۇ قەدەم تۈرتكە بولۇپ، كاپالەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى. مائارىپ ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى سىجىل يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ئوقۇتۇشىنىڭ تولۇق قاپلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش، قوللىنىش ھوقۇقى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، يېزا يەسلىلىرىدە «قورۇشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق قورۇش» «يەسلىگە كىرىشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كىرگۈزۈش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى. سەھىيە، ساغلاملىق سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى، يېزا ـ بازارلىق دوختۇرخانىلار، كەنت داۋالاش ئۆيلىرىنىڭ ئۆلچەملىشىش نىسبىتى 100%كە يەتتى، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش 50 مىڭدىن ئارتۇق شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىگە نەپ يەتكۈزدى.

نەچچە ئون يىللىق خىزمەت كەچۈرمىشىم ماڭا بەختلىك تۇرمۇشنىڭ تىرىشىپ كۆرەش قىلىشتىن كېلىدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى. مەن ھەر مىللەت ئاممىنى داۋاملىق تىرىشىپ، ئىناق، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇپ، گۈزەل كەلگۈسىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرىمەن، يېتەكلەيمەن.

# بۈگۈنكى شىنجاڭ باشقىلارنىڭ بىلجىرلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ

□ گۇچۇڭ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئىلھام

شىنجاڭدا تۇغۇلغان، شىنجاڭدا چوڭ بولغان شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇم. پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلغانلىقى ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىش، ئۆسۈپ يېتىلىش، خىزمەت كەچۈرمىشىم ئارقىلىق پومپېيونىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىمەن.

كىچىك ۋاقتىمدا، ئائىلىمىزدىكىلەر بىر قەۋەتلىك ئۆيدە ئولتۇراتتۇق، ئەينى چاغدىكى قوشنىلار ۋە ئاتا ـ ئانامنىڭ خىزمەتداشلىرى، دوستلىرىنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار، خۇيزۇلار، قازاقلار بار ئىدى، كۆپچىلىك ئۆزئارا ياردەم بېرىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتەتتى. مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا ياخشى تەربىيە ئالدىم. داۋۇنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن خىزمەتكە قاتناشتىم، تەشكىلنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشىدە، مەن قەدەممۇقەدەم ئۆسۈپ يېتىلىپ پارتىيەلىك كادىرغا ئايلاندىم. مەن باشتىن ـ ئاخىر شۇنداق قارايمەنكى، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز بولمىسا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان ياخشى سىياستى بولمىسا، شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى بولمايتتى، مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىم ۋە ئىلگىرىلىشىم تېخىمۇ بولمايتتى.

مېنىڭ مىللەت، دىن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىمغا كۆپ يىل بولدى، ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتىم شۇكى، مۇشۇ يىللاردىن بۇيان دىنىي پائالىيەت مەيدان ـ سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. ھۆكۈمەت ھەر يىلى دىنىي زاتلارنىڭ سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرتتى، پۈتۈن يىلدا زىيارەت قىلىش، ھال سوراش بىلەن تولۇق قاپلاندى، كەڭ دىنىي زاتلارنىڭ ھەممىسى چىن كۆڭلىدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما بىلەن قوشماقلىشىپ، تۇغقانلىشىپ، ھەقىقىي مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن كۆڭۈل بۆلدى، ياردەم بەردى ـ يۆلىدى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى، پارتىيەنىڭ مىللەت سىياستى كادىرلار، ئامما ئارىسىدا «يىلتىز تارتىپ چېچەكلىدى»، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەت سىياستى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى.

بۈگۈنكى شىنجاڭ باشقىلارنىڭ بىلجىرلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. ھازىرقى شىنجاڭدا جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك، كىشىلەر خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتىدۇ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. پومپېيو كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىدى، ئۇنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلىرى مۇقەررەركى تارىخنىڭ لەنىتىگە قالىدۇ!

# ھەرقانداق بۇزغۇنچىلىق قىلمىشىنىڭ ھەممىسى ياچۇۋەكنىڭ ھارۋىنى توسماقچى بولغىنىغا ئوخشاش ئىش

□ ئاتۇش شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئابلەت ئابلىز

پومپېيو ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئاساسسىز ھۇجۇم قىلىپ، قارا چاپلاپ، تۆھمەت قىلىپ، بوھتان چاپلاپ، قىلچە ئاساسى بولمىغان، تارىخنى بۇرمىلايدىغان، پاكىتتىن چەتنىگەن يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر ئازار يەتكۈزدى. بۇ يەردە مەن پومپېيونى رەسمىي يوسۇندا شۇنداق ئاگاھلاندۇرىمەنكى، «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش»قا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سىياسىي سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى جەزمەن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ شىنجاڭدا چوڭ بولغان پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شىنجاڭدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان يۈزبەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز بېشىمدىن كەچۈردۈم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، زور كۈچ بىلەن قوللىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا شانلىق مۆجىزىلەرنى قولغا كەلتۈردى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، بەخت كۆرسەتكۈچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

2014 ـ يىلى تەشكىل مېنى جىياڭسۇ يىشىڭغا بېرىپ ۋەزىپە بىلەن چېنىقىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇ جاينىڭ ئىلغار بولغان ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش ئىدىيەسى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، مېنى ئادەتتىكى بىر كادىردىن قەدەممۇقەدەم رەھبىرىي كادىر قىلىپ تەربىيەلەپ چىقتى. 2015 ـ يىلى مەن ئاتۇش سانائەت باغچە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىغا بېرىپ خىزمەت قىلدىم، مەن باغچە رايونىدا تۈپتۈز يوللار، رەتلىك يول چىراغلىرى، كەڭرى، ئازادە زاۋۇت ئۆيلىرى، ئالدىراش ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارنى كۆردۈم، تۈرلۈك كارخانىلار ئارقا ـ ئارقىدىن باغچە رايونىغا ماكانلاشقانىدى، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش جانلىق قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىلگىرىكى قاقاس چۆللۈك بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى، بۇ يەردىكى ئىشچىلارنىڭ سىرتقا چىقمايلا ئىشكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ پۇل تېپىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە پارتىيەنىڭ ياخشى سىياستىگە رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، مەن تەشكىل تەرىپىدىن مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلۇپ، بۇغۇق نۇقتىغا بېرىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدۇم، ھەر كۈنى پۈتۈن شەھەردىكى 280 مىڭ كىشىنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغدىدىم، مەن ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەرتىپلىك شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى، ساغلام تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چەكسىز خۇشال بولدۇم، چەكسىز ئىپتىخارلاندىم، ئۆزۈمنىڭ بۇ بەختلىك ھەم ئۇلۇغ دەۋردە ياشىغانلىقىمدىن خۇشاللىققا چۆمدۈم، ئاتۇشنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە «يۇقۇم كۆرۈلمەسلىك»نى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىدىن پەخىرلەندىم.

پومپېيو، مەن سېنى رەسمىي يوسۇندا شۇنداق ئاگاھلاندۇرىمەنكى، شىنجاڭدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلىشى بولغاچقا، 25 مىليون ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىششى بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى جەزمەن تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق قىلمىشنىڭ ھەممىسى ياچۇۋەكنىڭ ھارۋىنى توسماقچى بولغىنىغا ئوخشاش ئىش بولۇپ، ئاخىردا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

# يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ

□ چەرچەن ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى دىلشات

پومپېيو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭغا ئاساسسىز ھۇجۇم قىلىپ ۋە قەستەن قارا چاپلاپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، خاراكتېرى ئىنتايىن قەبىھ، غەرىزى ئىنتايىن رەزىل بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھېسسىياتىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە ئازار بەردى.

مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىككى قولغا تايىنىپ كۈرەش قىلىپ، بەختلىك تۇرمۇش يارىتىشقا يېتەكلىگەنلىكىدەك مۆجىزىگە گۇۋاھ بولدۇم. چەرچەن ناھىيەسىنىڭ خەلق تۇرمۇشنى ياخشىلاش سالمىقى مىسلىسىز زور بولدى، ھەر مىللەت ئامما ئېرىشكەن ئەمەلىي نەپ مىسلىسىز كۆپ بولدى. بۈگۈنكى چەرچەندە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەميىنى تېخىمۇ تومپايدى، ئامما بەھرىمەن بولغان خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئەمەلىي بولدى، ئامما ئىشقا ئورۇنلىنىش پۇرسىتىگە تولۇق ئېرىشتى، ئاممىنىڭ تەربىيەلىنىش ھوقۇقى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، پۈتۈن ناھىيەنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 30 يىل ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ھازىر چەرچەن ناھىيەسىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىدە، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆپچىلىككە ئايان. ياخشى كۈنلەر پارتىيەنىڭ ياخشى سىياستىدىن كەلگەن، بۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي تەسراتى.

يالغان ـ ياۋىداق سۆز مىڭ قېتىم تەكرارلانسىمۇ يەنىلا يالغان ـ ياۋىداق سۆز، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ مۇقىم، گۈللەنگەن ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىنى پومپېيو خالىغانچە بوھتان چاپلاپ، قارا چاپلاپلا ئۆزگەرتەلمەيدۇ! پومپېيو توقۇغان ئۇچىغا چىققان يالغانچىلىق پەقەت ئۇنىڭ ناچار پەزىلىتى ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشتەك رەزىل غەرىزىنىلا دەلىللەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى كىشىلەرنى ئالدىيالمايدۇ، شىنجاڭغا قارا چاپلىيالمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ.

پارتىيەنىڭ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشىدە، مەن رەھبەرلىك ئورنىغا چىقتىم، زىممەمدىكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش مەسئۇلىيىتىمنىڭ ئېغىر، زورلۇقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدىم. مەن بىر پارتىيە ئەزاسى، مېنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىم جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، پۇقرالارنىڭ ئىشىنى قۇربىمىنىڭ يېتىشىچە ياخشى قىلىش. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ھەرقانداق يالغان ـ ياۋىداق سۆز شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ، شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما چوقۇم ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىدۇ.